# 20034 - ئىسپىرت تەركىبلىك سۇيۇقلۇق بىلەن ئېغىزنى يۇيۇش توغرىسىدا

## سوئال

بەزى يېقىنلىرىم ماڭا: "لەستەرىنە"ناملىق ئېغىز يۇيۇش سۇيۇقلىقىنى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا نەسھەت قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىسپىرتلىق ماددىلار بار ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئىسپىرت ماددىلىرىنىڭ مىقدارى مەس قىلغۇچىلىك دەرىجىدە بولمىسا، بۇنىڭ هاراملىقىنىڭ باشقا بىر سەۋەبى بارمۇ؟، ياكى ئۇنى ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئىسپىرت ماددىسىنى ئۆز ئېچىگە ئالغان بۇ سۇيۇقلۇق مەس قىلمايدىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ باشقا زىيىنى بولمىسا، ئۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىكى هاراملىق مەس قىلىشتۇر. شەيخ سەئىد ھۇمەيد.

مۇشۇنداق هالەتتە ئىچمىلىككە قارىلىدۇ، كۆپ ئىچسە مەس قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاز قىسمىمۇ هارام بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.